# 434494 ـ ئېھراملىق كىشىنىڭ كېسەللىك سەۋەبىدىن زاكا ئىشتىنى كېيىۋېلىشىنىڭ ھۆكمى

## سوئال

ئېھراملىق كىشىنىڭ كېسەللىك سەۋەبىدىن زاكا ئىشتىنى كىيىۋېلىشقا ئېھتىياجلىق بولسا ياكى كېچىك بالا بولسا بۇنى كىيسە، بۇ ئېھرامدا چەكلەنگەن ئىشلاردىن ھېسابلىنامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

زاكا ئىشتىنى دېگەن ئالدى ۋە كەينى ئەۋرەتنى يۆگەيدىغان كىيىم بولۇپ، بۇ جىسىمغا ئۆلچەپ ياسالغانلىقى ئۈچۈن بۇنى كۆپچىلىك ئالىملار ئېھرامدا كىيىش چەكلەنگەن كىيىملەرنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىغان.

شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ ئېھرامدا كىيىش چەكلەنگەن كىيىملەر توغرىسىدا سۆز قىلىپ مۇنداق دەيدۇ" : زاكا ئىشتىنى دېگەن ئىچ كىيىمدىن بەكرەك چەكلىنىدۇ" ."پەتىۋالار مەجمۇئەسى- 21 "توم- 206 بەت].

شۇنىڭغا ئاساسەن:  ئېھراملىق ھالىتىدە ئىچ كىيىمى كىيىشكە ياكى زاكا ئىشتىنى كىيىشكە ئېھتىياجلىق بولۇپ قالسا، كىيسە بولىدۇ، ئۇ كىشىگە پىدىيە كېلىدۇ، پىدىيە ئۈچ ئىشنىڭ بىرى بىلەن بولىدۇ: قوي ئۆلتۈرۈش ياكى ھەر مىسكىنگە يېرىم سا مىقدارىدا ئالتە مىسكىنگە يېمەك بېرىش ياكى ئۈچ كۈن روزا تۇتۇشدۇر.

بۇ توغرىدا كەئەب ئىبنى ئۇجرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، ئۇ كىشى ئېھراملىق ھالەتتە چېچىنى ئالدۇرۇشقا ئېھتىياجلىق بولغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: «چېچىڭنى ئالدۇرغىن، ئۈچ كۈن روزا تۇتقىن ياكى ئالتە مىسكىنگە يېمەك بەرگىن ياكى بىر قوي زەبھە قىلغىن».  [بۇخارى رىۋايىتى 1917 ـ ھەدىس].

ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھدىن:  ئېھراملىق كىشى كۇسار كىيسە بولامدۇ؟ ئەگەر كىيمىسە ئۇنىڭغا زەرەر يېتىدۇ؟ دەپ سورالغاندا، مۇنداق جاۋاپ بەرگەن " :زەرەر يېتىشتىن ئەنسىرىسە كۇسار كىيسە بولىدۇ، لېكىن كۇسار كىيگەنلىكى ئۈچۈن ئالتە مىسكىنگە يېمەك بېرىدۇ، ھەر بىر مىسكىنگە يېرىم سا مىقدارىدا بەرسە ياخشى بولىدۇ."] "ئوچۇق سۆھبەت- 16  "سوئال 177ـ بەت].

شۇنىڭغا ئاساسەن: ئېھراملىق كىشى كېسەللىك ياكى باشقا سەۋەبلەردىن زاكا ئىشتىنى كىيىشكە ئېھتىياجلىق بولۇپ قالسا، كىيسە بولىدۇ، ئۇ كىشىگە پىدىيە بېرىش كېرەك بولىدۇ.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.